# شىنجاڭنىڭ تەقدىرى باشتىن ـ ئاخىر ئۇلۇغ ۋەتەن بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تارىخنىڭ دولقۇنىنى كۆتۈرۈپ، تارىخنىڭ ئەزىم دەرياسىغا قايتىپ، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە، پاكىتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئاندىن ئېنىق كۆرۈپ چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. تارىختا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەجدادلىرى تۈركلەرنىڭ قول قىلىشىغا ئۇچرىغان، ئۇيغۇرلار ھەرگىزمۇ تۈركلەرنىڭ ئەۋلادى ئەمەس، بەزى كىشىلەرنىڭ تۈركىي تىللارنى قوللىنىدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈركلەر دەۋېلىشىدا ئېنىقكى باشقىچە مەقسىتى بار. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزاق مەزگىل كۆچۈش، يۇغۇرۇلۇش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى مىللەتلەر جۇڭخۇا مىللىتى ئائىلىسىنىڭ قان قېرىنداش ئەزالىرى. شىنجاڭدىن ئىبارەت كۆپ خىل مەدەنىيەت، كۆپ خىل دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ رايوندا، مىللەتلەر مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ قوينىدا يېتىلىپ تەرەققىي قىلغان، ئىسلام دىنى ئۇيغۇر مىللىتى ئەلمىساقتىن تارتىپ ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن دىن ئەمەس ھەم بىردىنبىر ئېتىقاد قىلغان دىن ئەمەس، بىر دىن ياكى ئىككى دىن ئاساسلىق ئورۇندا تۇرۇش، كۆپ دىن تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شىنجاڭنىڭ دىن ئەندىزىسىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكى، ئارىلىشىش، تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شىنجاڭدىكى دىنلار مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى.

نۆۋەتتە، شىنجاڭدا ئىقتىساد سىجىل تەرەققىي قىلماقتا، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولماقتا، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلانماقتا، مەدەنىيەت مىسلىسىز گۈللىنەمەكتە، دىنلار ئىجىل، رايىش ئۆتمەكتە، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشماقتا، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرماقتا. تيانشان قارىغايلىرىنىڭ يىلتىزى بىرتۇتاش، ھەر مىللەت خەلقى قەلبداش. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئورتاق تونۇشى ۋە ئاڭلىق ھەرىكىتى. چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن «ئۈچ خىل كۈچ» تارىخنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، پاكىتنى بۇرمىلىدى، ئۇلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى تارىخ ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەت بولۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزدى، ئۇلار جەزمەن تارىخ ۋە خەلقنىڭ لەنىتىگە قالىدۇ.

«بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتىمىز». شىنجاڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە مەنسۇپ، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىگە مەنسۇپ. شىنجاڭغا دائىر تارىخىي مەسىلىلەرنى توغرا تونۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى ھەقىقىي مۇستەھكەملەپ، ھەر مىللەت خەلق ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ مۇجەسسەملەنسە، شىنجاڭنىڭ ئەتىسى چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ساياھەتچى تەن شىنخۇا يېقىندا تىياداشان چوڭ جىلغىسىغا ساياھەت قىلغىلى كەلگەندە ھەم ھەيران بولغان ھەم خۇشال بولغان ھالدا بۇ يەرنىڭ «ھۆسنى»نىڭ يەنە يېڭىلانغانلىقىنى بايقىدى: ئېكولوگىيەلىك ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى تەرتىپلىك بولۇپ، كۆرسىتىش بەلگە تاختىلىرى كۆركەم، مودا ئىدى، سىمسىز تور قاپلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزىنىڭ دوستلار چەمبىرىكىنى ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا يېڭىلاپ تۇرالىدى...

بولتۇردىن بۇيان، دۆلەت 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونى تيانشان چوڭ جىلغىسى ئومۇميۈزلۈك خوتنى يۇقىرىلىتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇل ئەسلىھەلەرنى ئۆزگەرتىش، ئەقلىي مەنزىرە رايونى قۇرۇلۇشى، مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق كۆپ تەرەپتىن چوڭ نەنسەن خەلقئارا مەنزىرە رايونىنىڭ يارقىن نام كارتىسىنى بەرپا قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن مەنزىرە رايونى يەنە تېخىمۇ كۆپ مەدەنىيەت تۈر قۇرۇلۇشىنى باشلاپ، مەنزىرە رايونىغا مەدەنىيەت روھى قوشىدۇ.

قار ـ مۇز ھەرىكىتى، ئېكسپېدىتسىيە، بەدەن چېنىقتۇرۇش، ئىستىراھەت، دەم ئېلىشتىن ئىبارەت كۆپ كەسىپ ھالىتى بىر گەۋدىلەشكەن خاس كىچىك بازار، چوڭ نەنسەن خەلقئارا ساياھەت رايونىنىڭ ساياھەت ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتتى.

ئۈرۈمچى ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئاخبارات مەركىزىنىڭ مەسئۇلى نەن خېينىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، ئىلگىرى ساياھەتچىلەر چوڭ نەنسەن خەلقئارا ساياھەت رايونىغا ئارام ئالغىلى كەلگەندە، قىشتا چاڭغا تېيىلىپ، يازدا مەنزىرە كۆرۈپ، ئاندىن بىر ۋاق تاماق يەپلا كېتىپ قالىدىكەن. ھازىر، خاسلىققا ئىگە كىچىك بازارنىڭ سەيلە قىلىش، ئارام ئېلىش، ساغلام كۆتۈنۈش، مال سېتىۋېلىش قاتارلىق كۆپ خىل كەسىپ ھالىتى ساياھەت ئەندىزىسى ھەم ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى، ھەم ساياھەت رايونىنىڭ «بىر پەسىللىك ساياھىتى»نى «تۆت پەسىللىك ساياھەت»كە ئۆزگەرتتى.

«ئىزدەپ تېپىش تەس بولۇش»تىن «ھەممىلا يەردە بولۇش»قىچە، «مەينەت، قالايمىقان، ناچار، ئاز، چەت» بولۇشتىن «يورۇق، پاكىز، ياخشى، كۆپ، ئالاھىدە» بولۇشقىچە، بۇ ئىككى يىلدا، چوڭ نەنسەن خەلقئارا ساياھەت رايونىدىكى ساياھەت ھاجەتخانىلىرىنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى. 70تىن ئارتۇق سۇ چۈشىدىغان ھاجەتخانا تەبىئىي مەنزىرە ھەم ئاممىۋى مۇلازىمەت، ئىستىراھەت ئەسلىھەلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى، 340تىن ئارتۇق بەلگىلىك كۆلەم، ئۈنۈمگە ئىگە بولغان دېھقانلار (چارۋىچىلار) ئارامگاھىنىڭ ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش نۇقتىسىمۇ ئۆي ئىچىدە سۇ چۈشىدىغان ھاجەتخانىغا ئۆزگەرتىشنى تاماملىدى.

### ■ سۈزۈك سۇ ۋە يېشىل تاغلار «ئېكولوگىيە پايدىسى»نى قايتۇردى

چوڭ نەنسەن خەلقئارا ساياھەت رايونىنىڭ ساياھەت بايلىقىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى زور، تۈرى كۆپ، تىپى كۆپ، تۈرلىرى ئەلا بولۇپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەننى قانداق ئىشقا ئاشۇردى؟

ئۈرۈمچى ناھىيەسى يېشىل تەرەققىيات، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىنى چىڭ ئىگىلەپ، ئەڭ قاتتىق بولغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، تۈرلۈك قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇھىتقا بولغان تەسىرىنى باھالاش تۈزۈمى ۋە ناھىيە تەۋەسىدە تەستىقلانغان تۈرلۈك يىرىك پىلانلاردىكى قۇرۇلۇش چەكلەنگەن رايون، قۇرۇلۇشقا چەكلىمە قويۇلغان رايون تەلەپلىرىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، دۆلەتنىڭ مۇھىت ئاسراش سىياسىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تۈرلەرنىڭ ھەممىسىنى قەتئىي تەستىقلىمىدى.

قېزىلما بايلىقلارنى ئۆز ئالدىغا قېزىش، قالايمىقان قېزىش ۋە ئوغرىلىقچە قېزىش قىلمىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ ناھىيە قانۇن بويىچە كۆمۈر كانلىرىنى تاقىغاندىن سىرت، ھەر يىلى يەنە مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ، مەنزىرە رايونلىرىدا دېجورنىلىق نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، خادىملارنى ئاجرىتىپ 24 سائەت نۆۋەتلىشىپ دېجورنىلىق قىلىشنى يولغا قويدى. ھازىر، بۇ ناھىيە مۇھىت قوغداش بويىچە ئۈچ دەرىجىلىك تورلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئورنىتىپ، دەسلەپكى قەدەمدە «چوڭ مۇھىت ئاسراش» خىزمەت ئەندىزىسىنى بەرپا قىلدى.

ئۈرۈمچى ناھىيەسى «نەنسەن پۈتۈن رايونىنىڭ ھەممىسى مەنزىرە رايونى» ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدا يىرىك پىلانلاپ، يۇقىرى ئۆلچەمدە لايىھەلەپ، يۇقىرى سۈپەتتە قۇردى، ئالتە يېزا (بازار) بىرتۇتاش يىرىك پىلانلاپ، ئوخشاش بولمىغان گۈل ـ گىياھلارنى بىرتۇتاش تېرىدى: يۈكفېڭ بازىرىدىكى پورەكلەپ ئېچىلغان قىچا گۈللىرى، دۇڭگۈەن كەنتىدە يەلپۈنۈپ تۇرغان كەترەن گۈللىرى، پىڭشىلياڭ كەنتىدە پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن جوخار گۈللىرى... ھەيۋەتلىك «گۈل دېڭىزى نەنسەن»، چوڭ نەنسەن خەلقئارا ساياھەت رايونىدىكى سۈزۈك سۇ ۋە يېشىل تاغلارغا «گۈل ئۈستىگە گۈل قوندۇردى».

چىنار دەرىخى تىكسە، سۇمۇرغنى جەلپ قىلغىلى بولىدۇ ھەم يۇلتۇزلۇق ئاسمان ھەم يېشىل تاغ، سۈزۈك سۇلارنى كۆرگىلى، گۈللەرنىڭ خۇش پۇرىقىنى پۇرىغىلى بولىدىغان چوڭ نەنسەن خەلقئارا ساياھەت رايونى ساياھەتچىلەرنى ئۈزلۈكسىز جەلپ قىلماقتا.

«‹ئېكولوگىيە قىزىل سىزىقى›نى ساقلاپ قالغاچقا، بۈگۈنكى كۈندە بىز ‹ئېكولوگىيە پايدىسى›غا ئېرىشىشكە باشلىدۇق» دېدى ئۈرۈمچى ناھىيەلىك مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى جاڭ يۈخۇڭ.

### ■ گۈزەل يېزا ـ كەنت «گۈزەل ئىگىلىك»نى بارلىققا كەلتۈردى

«بىز تەقدىرلەش مېخانىزمى تەسىس قىلىپ، ئۆز ئالدىغا ئەخلەت تۆككەنلەرنى پاش قىلغانلارنى 100 يۈەندىن 500 يۈەنگىچە مۇكاپاتلىدۇق» دېدى ئۈرۈمچى ناھىيەسى شۈيشىگۇ بازىرى جاتەن كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ شيۇخۇڭ.

جاتەن كەنتىنىڭ دەل ـ دەرەخلىرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك، پاكىز، ئازادە ـ يورۇق بولۇپ، كەنتتىكى ھەربىر تەۋەلىك رايونىنىڭ ھەممىسىدە مۇھىت تازىلىقىنى كۆزىتىدىغان مەخسۇس ئادەم بار. مۇھىت ئاسراشقا قارىتا، كەنت ئاھالىلىرى «ئۇدۇل كەلگەن يەرگە قالايمىقان تاشلاش»نى «ئاڭلىق مەركەزلەشتۈرۈش»كە ئۆزگەرتتى.

«يول چىراغلىرى يورۇتۇلدى، يوللار كېڭەيتىلدى، ھويلا ـ ئارانلار گۈزەللەشتۈرۈلدى، يېزىنىڭ بۇرۇنقى قالايمىقان ھالىتى قالمىدى.» كەنتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى تىلغا ئالغاندا، ئۈرۈمچى ناھىيەسى بەنفاڭگۇ بازىرى تيەنشىيا مەھەللىسىدىكى ئاھالە ما مىنىڭ خۇشاللىقىدىن ئاغزى يۇمۇلماي قالدى.

ئۈرۈمچى ناھىيەسى پۈتۈن رايون ساياھىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىك، ساياھەت بىر گەۋدىلەشكەن يېزا ـ كەنت ساياھەت كەسپى سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، يېزىلارنىڭ تۇرالغۇ مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتى ئارقىلىق، گۈزەل يېزا ـ كەنت يېڭى كارتىنىسىنى سىزىپ چىقتى، گۈزەل يېزا ـ كەنت «گۈزەل ئىگىلىك»نى بارلىققا كەلتۈردى.

ئۈرۈمچى ناھىيەسى يۈكفېڭ بازىرى شاڭشى كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى ياڭ پېيىن ئائىلىسىنىڭ ھويلىسىدا، مۇخبىر نەچچە ئۇستەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ مەززىلىك تائاملارنى تېتىۋاتقانلىقى، بۆلجۈرگەن ئۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇلارنىڭ خۇشال كۈلكە سادالىرى يىراقلارغا تارالدى.

«بىزنىڭ يېزا ـ كەنتىمىز بارغانسېرى گۈزەللەشتى، ھەر كۈنى ھويلىمىز ساياھەتچىلەر بىلەن لىق تولىدۇ.» ياڭ پېيىننىڭ خۇشال ھالدا مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، بۇ يىل ئۇ ھويلىسىدا گۈل ـ گىياھ تېرىپ، 6 ـ ئايدىلا گۈل ـ گىياھ سېتىش ئارقىلىق كىرىمىنى 20 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرغان.

ئۈرۈمچى ناھىيەسى يەنە پۇقراۋى قونالغۇ كەسپىنى ئېسىل مەنزىرە رايونى — چوڭ نەنسەن خەلقئارا ساياھەت رايونى بەرپا قىلىشتىكى بىر مۇھىم تۇتقا قىلىپ، يېڭى قائىدىلەرنى يولغا قويۇپ، پۇقراۋى قونالغۇ كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. نۆۋەتتە تارىخ، مەدەنىيەت خاسلىقى نۇقتىلىق قېزىلىپ، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئادىمىيەت، ئىستىراھەت، كۆتۈنۈشنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى گەۋدىلەندۈرۈلگەن 30دىن ئارتۇق خاس پۇقراۋى قونالغۇ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى، يىل ئاخىرىدا 100 خاس پۇقراۋى قونالغۇنىڭ ئېچىلىشىدىن ئۈمىد بار.

«چوڭ نەنسەن خەلقئارا ساياھەت رايونىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدە تاغ باغرى، سۇ بويىدىكى پۇقراۋى قونالغۇلار، گۈزەللىك بايلىقىنى گۈزەل ئىگىلىككە ئايلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشتىكى يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى موتور، يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلانماقتا» دېدى فاڭ ئەيگو.

---

# «شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى مەنزىرە رايونلىرىغا كىرگۈزۈش» خىزمىتى باشلاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئاپتونوم رايونىمىز ساياھەتچىلىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەنزىرە رايونلىرى شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلىدىغان، تونۇشتۇرىدىغان، ساتىدىغان چوڭ سەھنىگە ئايلىنىدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى نۇرمەمەت تۇنىياز مۇنداق دېدى: پائالىيەتكە قاتناشقان 65 كارخانىنىڭ «يېشىل يېمەكلىك، ئورگانىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى ۋە جۇغراپىيەۋى بەلگىلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى» ئېتىراپىدىن ئۆتۈش نىسبىتى 90%تىن ئاشتى، بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى سۈرۈشتۈرۈش سىستېمىسى پىشىپ يېتىلىشكە قاراپ يۈزلەندى، سۈپەت بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارى سىجىل كۈچەيدى.

كېيىنكى قەدەمدە، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا تارماقلىرى ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە يېزىلاردىكى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات تەلىپىگە ئاساسەن، بازار ئېھتىياجىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەپ، مەنزىرە رايونلىرىغا كىرگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىنى بېكىتىپ، سۈپەت باشقۇرۇشنى چىڭىتىپ، شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساياھەتچىلەر ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە سوۋغا قىلىشتا ئالدىن تاللايدىغان بۇيۇمغا ئايلاندۇرىدۇ.

يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا تارماقلىرى يەنە مەنزىرە رايونلىرىنى باشقۇرىدىغان تارماقلار بىلەن بىرلىكتە مەنزىرە رايونلىرىدىكى ئىستېمالچىلارنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسى، ئىستېمال ئادىتى قاتارلىقلارنى ئانالىز قىلىپ، تەتقىق قىلىپ، مەھسۇلاتلارنى مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئىستېمال توپىنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەدرىجىي ھالدا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، كۆچۈرۈپ كېلىپ ئومۇملاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ساياھەت تاۋارلىرىنى سېتىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى كەسپ زەنجىرىنى يەنىمۇ ئۇزارتىپ، ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى ئاشۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك.

نۇرمەمەت تۇنىياز مۇنداق دېدى: بىز تېخىمۇ كۆپ شىنجاڭنىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى 3A دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مەنزىرە رايونلىرىغا كىرىپ ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن، ئىككى 5A دەرىجىلىك مەنزىرە رايونىغا كىرىپ ئورۇنلىشىش، ئىككى ئىستىراھەت يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ـ كەنت ساياھىتى يۇلتۇز دەرىجىلىك ئۈلگە كۆرسىتىش كارخانىسى (رايونى)غا كىرىپ ئورۇنلىشىشنى تاماملاپ، مۇقىم، مۇكەممەل تىجارەت ئەندىزىسىنى تەدرىجىي ئورنىتىپ، ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنىڭ تېز پويىزىغا چىقىرىپ، تېخىمۇ كۆپ دېھقان ـ چارۋىچىلارنى ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىنىڭ پايدىسىدىن بەھرىمەن قىلىمىز.

---

**گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى**

# يېڭى سايمەھەللە كەنتىدە پورەكلەپ ئېچىلغان ئىتتىپاقلىق گۈللىرى

□ باي ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر ئابلاجان مەمەت

مەن نۆۋەتتە باي ناھىيەسىنىڭ سايرام بازىرى يېڭى سايمەھەللە كەنتىدە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇۋاتىمەن. بىزنىڭ يېڭى سايمەھەللە كەنتى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېڭى كەنت بولۇپ، پۈتۈن كەنتتە جەمئىي 201 ئائىلە، 810 ئادەم بار، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلاردىن 13 ئائىلە، 35 ئادەم بار. بۇ يىللاردىن بېرى، كۆپچىلىك تۇرمۇشتا ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئادەتتىكى چاغلاردا ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىپ، دائىم بىللە تۇرۇش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئالاقىلىشىپ، ئالماشتۇرۇپ، ئارىلىشىپ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى: «بىز ھازىر خۇددى ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتۇق» دېيىشىدۇ.

مەن كۆپچىلىككە كەنتىمىزدىكى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش»قا دائىر ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىمەن.

لاۋشۇنىڭ ئىسمى شۇ يىبىن، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشېڭ ناھىيەسىدىن بولۇپ، يېڭى سايمەھەللە كەنتىگە ئەڭ بالدۇر كېلىپ ئولتۇراقلاشقان خەنزۇ كەنت ئاھالىسى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا، ئۇ ئىچكىرى ئۆلكىدىن شىنجاڭغا يالغۇز كەلگەن، ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بولمىغاچقا، تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالغانىدى. بىر كۈنى، ئۇ سايرام گۆڭشېسىنىڭ شىپاخانىسىغا يۇرتدىشىنى يوقلاپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ھازىرغىچە يەنىلا پۇت تىققۇدەك يېرىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. ئۇ مەقسەتسىزلا سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئاڭلىغۇچىلاردىن بىرى ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ قالدى. شۇ چاغدا شىپاخانىدا كېسەل كۆرسىتىۋاتقان يېڭى سايمەھەللە كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ پېشقەدەم شۇجىسى ئۇنىڭغا: «يولداش، ئەگەر خالىسىڭىز بىزنىڭ كەنتكە بېرىپ تۇرۇڭ، كۆپچىلىك سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالىدۇ» دېدى. شۇنداق قىلىپ، لاۋشۇ يېڭى سايمەھەللىسىدە تۇرۇپ قالدى، كەنت ئۇنىڭغا كۆكتات تېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتۇردى. يۇرتداشلار شۇ چاغدا كۆكتات تېرىشنى ئانچە بىلمەيتتى، لېكىن لاۋشۇ كۆكتات تېرىشقا ئۇستا ئىدى، ئۇ تېرىغان لازا داستەك چوڭلۇقتا بولۇپ، كىمنىڭ ئۆيىدە كۆكتات ئۈزۈلۈپ قالسا، ئۇ بىر ـ ئىككىنى ئاپىرىپ بېرەتتى. كەنتتە ھەر قېتىم ئاشلىق، ياغ تەقسىملەنگەندىمۇ لاۋشۇغا ئېتىبار قىلىنىدى، يۇرتداشلار يەنە لاۋشۇنى مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى، لاۋشۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. لاۋشۇ: كۆپچىلىك ماڭا بۇنداق ياخشىلىق قىلىۋاتسا، مەن كۆكتات تېرىش تېخنىكىسىنى كۆپچىلىككە ئۆگىتىپ قوياي، دېگەن ئويغا كەلدى. ئۇ كۆكتات تېرىش تېخنىكى بولۇپ، يۇرتداشلارنىڭ كۆكتات تېرىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى، كىمنىڭ ئائىلىسىدە زىددىيەت يۈز بەرسە، قوشنىلار ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش بولسا، ئۆزئارا كېلىشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ھەممىسى ئۇنى ئىزدەيدىغان، كاللىسىدىن ئۆتمىگەن ئىش بولسىمۇ ئۇنىڭغا دەيدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، لاۋشۇ يېڭى سايمەھەللە كەنتىدە يىلتىز تارتىپ، بۇ جايدا ئۆيلىنىپ، بۇ جايدا بالىلىق بولدى. ھازىر ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ھەممىسى ناھىيە بازىرى ۋە باشقا جايلاردا خىزمەت قىلىدۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا خوتۇنى بىلەن بۇ جايدا تۇرىدۇ، ئۇ: يۇرتداشلار بىلەن بىللە بولسام، كۆڭلۈم ئازادە تۇرىدۇ، دەيدۇ.

كەنت ئاھالىسى «نۇردۇن» ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئەمەس، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى لۇ شۇاڭچېڭ بولۇپ، يېڭى سايمەھەللە كەنتىگە ئورۇنلاشقىلى ئەمدىلا بىرنەچچە يىل بولدى، لېكىن ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى راۋان سۆزلىيەلەيدۇ، كىشىلەرگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خالايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ فامىلىسى لۇ بولغاچقا، يۇرتداشلار ئۇنىڭغا «نۇردۇن» دەپ ئۇيغۇرچە ئىسىم قويغان. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى: «نۇردۇننىڭ ئاپتوموبىلى ئوبدان ئەسقاتىدۇ» دەيدۇ.

ئەسلىدە، لۇ شۇاڭچېڭ بىر كىچىك يۈك ئاپتوموبىلى ھەيدەيتتى، كۆپچىلىك دائىم ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى توشۇتاتتى، ئۇ پۇل تاپقاندا يۇرتداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى، كىمنىڭ ئائىلىسىگە ناھىيە بازىرىدىن ئۇششاق نەرسە ـ كېرەك ئالغاچ كېلىش زۆرۈر بولسا، ئۇ ئەزەلدىن ھەق ئېلىپ باقمىدى، يەنە دائىم: «ھەممىمىز يۇرتداش تۇرساق، پۇل بەرسەڭ قانداق بولىدۇ!» دەيتتى. 2018 ـ يىلى، كەنت ئاھالىسى ئاينۇر ئىلياز ھويلىسىنى سېمونتلاپ تۈزلىمەكچى بولدى، لېكىن ئۆيىدە نەق پۇلمۇ، ئەمگەك كۈچىمۇ يوق ئىدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ بىر قوشنىسى ئاينۇرغا ئەقىل كۆرسىتىپ: «سەن بېرىپ نۇردۇننى ئىزدىگىن، ئۇ ساڭا ياردەم قىلىدۇ» دېدى. ئاينۇر لۇ شۇاڭچېڭنى ئىزدەپ بارغاندا، ئۇ ئارتۇق گەپ قىلمايلا ئاينۇرغا ياردەم قىلىپ قۇم ۋە سېمونت ئەكىلىپ بەردى ھەم: «سەن قاچان پۇل تاپساڭ شۇ چاغدا بەرسەڭ بولىدۇ» دېدى.

بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى ئاخشىمى، بوران دەرەخلەرنى قىيسايتىۋەتتى. ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىۋاتقان كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابلا ئىلياس خوتۇنىدىن كەلگەن «ياڭ چىليۇ ئائىلىسىنىڭ يېرىگە ئوت كېتىپتۇ، سىز تېزدىن كۆپچىلىككە ئوتنى ئۆچۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلىڭ!» دېگەن تېلېفوننى تاپشۇرۇۋالدى. ئابلا سايمانلىرىنى ئېلىپ باردى، پارتىيە ئەزاسى ئېزىز مەمەت باردى، يۇرتداشلارمۇ يېتىپ باردى... ئوت شامالنىڭ كۈچىدە بىردەم ئۇياققا تۇتاشسا، بىردەم بۇياققا تۇتىشاتتى، لېكىن كۆپچىلىك قورقۇپ قالماي، بىرى بىر گۈرجەك توپا تاشلىسا، يەنە بىرى بىر چېلەك سۇ چېچىپ، ئوت ئاپىتى بىلەن قەيسەرانە ئېلىشتى، بەزىلەرنىڭ قولى كۆيۈپ يارىلاندى، بەزىلەرنىڭ قېشى كۆيۈپ كەتتى. ئون مىنۇت ئۆتتى، 20 مىنۇت ئۆتتى... ئوت ئاخىر ئۆچۈرۈۋېلىندى. شۇ ئىشتىن كېيىن، ياڭ چىليۇ مۇنداق دېدى: «ھېلىمۇ ياخشى يۇرتداشلار ياردەم قىلدى، بۇنداق كۈچلۈك بوران ئەگەر ئوت ئۇچقۇنىنى مەھەللىگە ئۇچۇرۇپ كەتكەن بولسا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى...».

يېڭى سايمەھەللە كەنتىدە بارلىققا كەلگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھېكايىلىرى يەنە ناھايىتى كۆپ. يېڭى سايمەھەللە كەنتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرى چوقۇم تېخىمۇ چىرايلىق پورەكلەپ ئۇزاققىچە ئېچىلىپ تۇرىدۇ!